# تاڭ يورۇش ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى بورىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئېگىزدىن پەسكە سوزۇلغان بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس، روزا تۇتقۇچى سوھۇرلۇقنى يەۋەرسە بولىدۇ، ئەمما ئوپۇقتا توغرىسىغا سوزۇلغان ئاقلىق بولسا ھەقىقى تاڭ ئاتقانلىق بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا نامازنى ئوقۇش دۇرۇس، سوھۇرلۇقنى توختۇتۇش كېرەك

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: تاڭ يورۇش ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى بۆرىنىڭ قۇيرۇقىدەك بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا بولمايدۇ، سوھۇرلۇق تاماق چەكلەنمەيدۇ، ئەمما ئۇپۇقتا ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان بولسا ناماز ئوقۇلسا بولىدۇ، سوھۇرلۇقنى توختۇتۇش كېرەك

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھاكىم "مۇستەدرەك"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھۆكۈم جەھەتتىن تاڭ سەھەرنى ئىككىگە بولگەن، بىرىنچىسى يالغان تاڭ، بۇ ۋاقىتتا تاڭ نۇرى ئاسمانغا تۈۋرۈكتەك تىك كۆتۈرلۈپ پەيدا بولىدۇ، ئۇ بۆرىنىڭ قۇيرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ، چۈنكى بۆرىنىڭ قۇيرۇقى تۈۋرۈكتەك تىك سوزۇلىدۇ، تاڭ نۇرى ئۇپۇق يۇقىرىسىغا كۆتۈرلۈشتە بۆرىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ نۇر ئۇزۇن تۇرمايلا يوقۇلۇپ ئارقىدىنلا قاراڭغۇلۇق قايتا پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا بولمايدۇ، روزا تۇتقۇچى يىيىش، ئىچىشنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن، روزا تۇتقۇچى سوھۇرلۇقنى توختىتىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئىككىنچىسى راس تاڭ دېيىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تاڭنىڭ نۇرى جەنۇبتىن شىمال تەرەپكە سوزۇلغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ، بەلكى بارا-بارا تاڭ نۇرى يورۇپ كېڭىيىشكە باشلايدۇ، مانا بۇ ۋاقىتتا بامدات نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ، روزا تۇتقۇچىنىڭ يىيىش ۋە ئىچىشى چەكلىنىدۇ. بۇ ئىككى تاڭ نۇرىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىت پەرىقلىق بولۇپ، گاھى ئۇزۇن گاھى قىسقا بولىدۇ، گاھىدا يالغان تاڭ پەقەت كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ئىككى تاڭ نۇرىنىڭ ئاساسلىق پەرىقلىرى تۆۋەندىكىدەك: 1-راس تاڭ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلىدۇ، ئەمما يالغان تاڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا سوزۇلغان بولىدۇ. 2- راس تاڭدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ، يالغان تاڭدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق پەيدا بولىدۇ. 3- راس تاڭنىڭ نۇرى ئۇپۇقتا تۇتىشىدۇ، ئەمما يالغاننىڭ نۇرى ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۈچ پەرىق تەبىئەت جەھەتتىكى تاڭ ئېتىشنىڭ بەلگىلىرى، شەرىئەت جەھەتتىن يالغان تاڭ ئاتقاندا بامدات نامىزى ئوقۇشقا بولمايدۇ، روزىنى نىيەت قىلغان كىشى سوھۇرلۇق يەۋەرسە بولىدۇ. راس تاڭ ئاتقاندا بامدات نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ، روزىنى نىيەت قىلغان كىشىنىڭ ئۇ ۋاقىتتا يەپ-ئىچىشى چەكلىنىدۇ